# دور النساء
# في جهاد الأعداء

# ئاياللارنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى جىھادتىكى رولى

شەيخ، مۇجاھىد:
يۇسۇف ئىبنى سالىھ ئۇيەيرى (رەھىمەھۇللاھ)
تەرجىمە قىلغۇچى: جالالىدىن

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# دور النساء
# في الجهاد الأعداء

# ئاياللارنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى جىھادتىكى رولى

شەيخ، مۇجاھىد:
يۇسۇف ئىبنى سالىھ ئۇيەيرى (رەھمەھۇللاھ)
تەرجىمە قىلغۇچى: جالالىددىن

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................2
ئايال كىشى ياكى جىھادتىن توسقۇچى، ياكى ئۇنىڭغا ئۈندىگۈچىلەردىن بولىدۇ................................6
ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاياللىرىدىن مۇجاھىدە ئايال ئۈچۈن ئۈرنەكلەر .... 14
بىزنىڭ ئەسىرىمىزدىكى ئاياللاردىن مۇجاھىدە ئاياللارغا نەمۇنىلەر ... 40
ھۆرمەتلىك ھەمشىرىلىرىمىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىزنىڭ قىسقىغىنە خۇلاسىسى.................................. 45

# مۇقەددىمە

جىمى ھەمدۇ-سانا اللە قا خاستۇر! دۇرۇت ۋە سالاملار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! سىزنىڭ جىھادتا ھەقىقەتەن مۇھىم ۋە كاتتا رولىڭىز بار. بۈگۈنكىدەك پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ۋە بارچە ئىسلام دىيارلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان يېڭى سەلىبىيلەرگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ئىسلام قوشۇنىدا ئۆزىڭىزنىڭ رولىنى بېجىرىشىڭىز ۋە ئادا قىلىشىڭىز سىزگە ۋاجىبتۇر. مەن بۇ ۋاراقلاردا سىزگە مۇشۇ تېما ھەققىدە بايان قىلىپ بېرىمەن ۋە خىتاب قىلىمەن. قۇلاق سېلىڭ! اللە سىزنى ئۆزى ئاسرىسۇن ۋە ھىمايە قىلسۇن!

شۈبھىسىزكى، ئىسلام ئۈممىتى بۈگۈن تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئىسلام ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تارىخلىرىدا ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئومۇمىي ھالەتتە خارلىققا ۋە قورقۇنچقا دۇچ كېلىپ باقمىغان. ۋەھالەنكى بۇ خارلىق ۋە قورقۇنچ ھەرگىزمۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى ياكى پېقىرلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس. ئەكسىچە زېمىندىكى سانى ئەڭ كۆپ مىللەت ئىسلام ئۈممىتىدۇر، ھەتتا بۇ ئۈممەت بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى ئىگە بولالمىغان كۈچ-قۇۋۋەت ۋە مال-مۈلۈكلەرگە ئىگە. ئۇنداقتا، ھەرقانداق بىر قەلبكە: «ئەگەر بۇ ئۈممەت پېقىر ۋە قۇۋۋەتسىز بولمىسا، ئۇنداقتا بۈگۈن بۇ ئۈممەت دۇچ كەلگەن خارلىق ۋە

قورقۇنچنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟» دېگەن سوئال كېچىدۇ.

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ سەۋەبنى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ كۆرسىتىپ: «يېقىندا سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر خۇددى ئاچ قالغان كىشىلەر بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، ئۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. اللە دۈشمىنىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرگە نىسبەتەن قورقۇنچنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. اللە قەلبىڭلارغا ۋەھەننى تاشلاپ قويىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ۋەھەن دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش» دېدى.[①] ئىمام ئەھمەدنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «سىلەرنىڭ (اللە يولىدا) جەڭ قىلىشنى يامان كۆرۈشۈڭلار» دېيىلگەن.

مانا بۇ — يۇقىرىقى سوئالنىڭ جاۋابى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1400 يىل ئىلگىرى ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىزگە بېرىپ بولغان. دېمەك، ئىسلام ئۈممىتىنى ھالاك قىلىدىغان كېسەللىك بولسا دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشتۇر. قاچانكى بۇ ئۈممەت دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرسە اللە تائالانىڭ يەھۇدىيلارنى سۈپەتلىگەن سۈپىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَتَجِدَنَّهُمْ

---

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

أَحْرَصَ النَّاسِ عَلَى حَيَاةٍ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن ھېرىس كۆرۈسەن».[1] شۈبھىسىزكى، بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ھايات — خارلىق ئىچىدىكى ھايات بولسۇن ياكى ھايۋانلارنىڭ ھاياتى بولسۇن ۋە ياكى ھاشارەتلەرنىڭ ھاياتى بولسۇن، بۇ ھايات ھەممىگە ئورتاقتۇر. ئەمما بۇ ئۈممەت ھاياتنىڭ تۈرلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە ۋە دىنىغا لايىق بولمىغان ئەرزىمەس بىر ھاياتقا ئېسىلىۋالدى. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇ ئۈممەتنىڭ دۇنيا ھاياتىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرگەنلىكىدىن بولدى. بىزنىڭ دۇنيا ھاياتىنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز، ئۆلۈم ۋە ئۇرۇشنى يامان كۆرگەنلىكىمىز سەۋەبلىك، ئۈممەت ئوغلانلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ۋە قىسمەن ئىسلام ئاياللىرى: «جىھاد يولى بولسا ھەقىقىي ئۆلۈم يولى ۋە دۇنيادىن ئامالسىز ئايرىلىش يولىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىپ جىھادنى تەرك ئەتتى.

ئىسلام ئۈممىتى جىھادنى تەرك ئەتكەن كۈندىن باشلاپ دۈشمەنلىرى ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولدى ۋە ئۇلارغا خارلىقنىڭ تەمىنى تېتىتتى ـ دە، بۇ ئۈممەتكە پەيغەمبىرىمىز ﷺ نىڭ مۇنۇ ھەدىسىنىڭ ھەقىقىتى نامايەن بولدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەگەر سىلەر جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار، الله سىلەرگە شۇنداق بىر خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇكى، تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە الله تائالا ئۇ

[1] سۈرە بەقەرە 96ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ» .[1] يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر سىلەر كالىنىڭ قويرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ الله يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتسەڭلار، الله سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا شۇنداق بىر خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇكى، تاكى سىلەر الله قا ھەقىقىي تەۋبە قىلىپ دىنىڭلارغا قايتمىغۇچىلىك الله سىلەردىن بۇ خارلىقنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ »[2] دېيىلگەن.

يۇقىرىقى ھەدىسلەر ئارقىلىق بىزگە پەيغەمبىرىمىز سۈپەتلەپ بەرگەن كېسەللىك ئاشكارا بولدى، ئۇ بولسىمۇ قورقۇنچاقلىق كېسىلىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كرېست ۋە ھەيكەللەرگە ئىبادەت قىلغۇچىلاردىن سىرت يەنە تاش ۋە كالىلارغا ئىبادەت قىلىدىغان بارچە كاپىر ئۈممەت تەرىپىدىن بىزگە تاشلانغان خارلىقتىن ئىبارەت ئەگەشمە كېسەللىكلەر بىزگە ئاشكارا بولىدۇ. ئىلگىرىكى ھۆججەتلەرگە قايتساق بۇ خارلىق ۋە قورقۇنچتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى تاشلاپ، الله يولىدىكى جىھادقا قايتىش ۋە الله يولىدىكى ئۆرۈشنى ياخشى كۆرۈش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد رىۋايىتى.

# ئايال كىشى ياكى جىھادتىن توسقۇچى، ياكى ئۇنىڭغا ئۈندىگۈچىلەردىن بولىدۇ

ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرىقى خاتالىقلىرىمىزغا قايىل بولغاندىن كېيىن، ئۈممەتنى بۇ چۆل-جەزىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھەقىقىي چارىنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىزگە سۈپەتلەپ بەرگەن جىھاد ئىكەنلىكىنى بىلدۇق ئەمما بىز ھېلىھەم شۇ قايىللىقىمىزغا يارىشا بىرەر ئىش قىلالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جىھادتىن چەكلىگۈچى ۋە توسقۇچى ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ، يالغۇز ھالەتتە بولسىمۇ قايىل بولغان ئاشۇ خاتالىقلىرىمىزنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. جىھادنى چەكلىگۈچى ۋە توسقۇچى ئامىللارنىڭ يىلتىزىنى الله تائالا ئۆز ئايىتىدە جەملەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله تىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى

الله نىڭ ئەمرى (ئازابى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) هىدايەت قىلمايدۇ». [1] بۇلار جىهاد توسۇقلىرىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ توسۇقلار ھەرخىل بولىدۇ. شۇنىڭدەك، الله نى، الله نىڭ رەسۇلىنى ۋە الله يولىدىكى جىهادنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئەنە شۇ سۆيۈملۈك نەرسىلەردىن كاتتا ۋە ۋاجىبراق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قانائەتلىنەرلىك پايدىغا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن، قانداق قىلغاندا بۇ «سۆيۈملۈك» نەرسىلەرگە بولغان مۇھەببەتتىن الله نىڭ، الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە ئىززەت يولىنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى بولغان الله يولىدىكى جىهادنىڭ مۇھەببىتى ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم. دېمەك، بىز ئىلگىرى پۇشايمان قىلغان خاتالىقلىرىمىزنى تاشلاپ، دۇنيانىڭ ئازغىنە مال ـ ماتالىرىدىن ۋاز كېچىپ؛ الله نىڭ، الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە الله يولىدىكى جىهادنىڭ مۇھەببىتىنى ئەمەللىرىمىزنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى قىلىشىمىز لازىمدۇر.

بۇ ئەمەلىيەت — ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى پىدا قىلالايدىغان ئۈممەت ئوغلانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇندىلا بىزدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كاپىرلار هاياتنى قانچىلىك ياخشى كۆرسە، بۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭمۇ ئۆلۈمنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئەركەكلىرى، ئۆزىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەبى دىنىنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن پىدا قىلالايدىغان سودىگەرلىرى ھەمدە ئوغۇللىرى جىهادتىن

[1] سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت.

ئۆلتۈرۈپ قالسا تۇرمۇش لەززەتسىز بىلىنىدىغان ئانىلىرى بارلىقىنى بىلگەچكە كاپىرلار بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى پىداكارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھاسىل بولسا، ﷲ نىڭ دۈشمەنلىرى بۇ ئۈممەتتىن ئىنتىقام ئېلىش ياكى تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن مىڭلىغان پىلانلارنى ئويلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بىز بۇ كىتابچىدە ئۇ توسقۇچى ۋە چەكلىگۈچى ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلمايمىز بەلكى شۇلار ئارىسىدىن ئۈممەت ئەڭ تېز، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى يوقىتىشقا ئېھتىياجلىق دەپ قارىغان بىردىنبىر توسالغۇنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. يەنى ئايال كىشى — ئەنە شۇ توسالغۇلار ئىچىدىن ئىسلام ئىززىتىنى كۆتۈرۈش ۋە ئىسلامغا ياردەم بېرىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

بىز ئايال كىشىنىڭ ئىسلامغا ياردەم بېرىشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان چوڭ توسالغۇلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەكسى تەرىپىنى ھەم چۈشىنىشىمىز شۇنداقلا ئىسلامغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ ئەگىشىشى ۋاجىب بولغان ئاياللارنىڭ تارىخىنى تەپسىلىي بايان قىلىشىمىز كېرەك. ئايال كىشى ئۆزىنىڭ رولىنى بارلىق شىجائىتى ۋە پىداكارلىقى بىلەن ئادا قىلالىسا، ئىسلام نۇسرىتىدە باش رولچى بولۇپ قالىدۇ. بىز بۇ كىتابچىدە ئايال كىشى ھەققىدە توختىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، بىز شۇنى كۆردۇقكى، ئەگەر ئايال كىشى بىرەر ئىشتىن رازى بولسا ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلىشتا ئەڭ چوڭ رول ئوينايدۇ: ئەگەر يامان كۆرۈپ قالسا ئەر كىشىنى توسقۇچىنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ

قالىدۇ. بولۇپمۇ شۇ ئايال ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇنى رازى قىلىش ۋاجىب بولىدىغان ئانا ياكى چوڭ ئانا بولۇپ قالسا.

ئايال بولسا ئەرلەرنىڭ بۆشۈكى ۋە پەرۋىشكارىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكىدەك ئىسلام ئۈممىتى بىلەن پۈتكۈل كاپىر مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولىۋاتقان بىر كۈندە، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي رولىنى ئادا قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان خىتابىمىزنى ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى لايىق كۆردۇق. ئاياللارنىڭ يۈز بېرىۋاتقان بۇ جەڭگە كىرىشتىن ئايرىلىپ قېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى ياكى ھىممەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولۇشى بولسا بۈگۈنكى كۈندە ئۈممىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان زىيانكارلىق يولى ۋە مەغلۇبىيەت كۆرۈنۈشىنىڭ ئەڭ تۈنجىسىدۇر.

ئىسلام ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخلىرىدا سان، تەييارلىق ۋە مال جەھەتتە ئۆزىدىن كۆپ بولغان كۇفۇر دۆلەتلىرى ئۈستىدىن پەقەت ئايال كىشىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان مىقدارىدا غەلىبە قىلالىغان. چۈنكى ئاياللار ئەۋلادلىرىنى جىھادقا تەربىيىلەيدۇ، يولدىشى جىھادقا كەتسە ئۇنىڭ يۈز-ئابرۇيى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇ ئايال ئۆزى سەۋر قىلىش بىلەن بىرگە باللىرى ۋە يولدىشىنى جىھاد يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن سەۋرگە تەۋسىيە قىلىدۇ-دە، شۇندىلا «غەلىبە قازانغان ھەرقانداق ئەرنىڭ كەينىدە ئايال كىشى بار» دېگەن سۆز مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاندىن بىزمۇ ھەم: «ھەر قانداق غەلىبە قازانغان مۇجاھىدنىڭ كەينىدە ئايال كىشى بار» دېيەلەيمىز.

ئايال كىشى ئۆز رولىنى تونۇشى ۋە پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۆمەر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مالالارنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنى ئۆزىمىزگە لازىم قىلىمىز؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شۈكرى قىلغۇچى قەلبنى، الله نى زىكىر قىلغۇچى تىلنى ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىغا ياردەم قىلغۇچى ئايالنى تۇتۇڭلار»[1] دېگەن ھەدىستىكى سۈپەتكە ئىگە بولۇشى لازىم.

ئەمما، زامانىمىزدىكى ئايالالارغا نېمە دېسەك ۋە قانداق سۈپەتلىسەك بولاركىن!؟ ئۇلارنىڭ غەملىرى زادى نېمە، ئۇلار ئۆز ئەرلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ياردەمچى بولالىدىمۇ؟! ئۇلار بۈگۈنكى ئىسلام ۋە كۇفۇر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟ ياكى پەقەت شۇ كۇفۇر دۆلەتلىرىنىلا تونۇمدۇ؟! ئۇلار ئەجىبا پەلەستىندىن باشقا ھەرقانداق ماكاندىكى مۇسۇلمانلار ئۇچراۋاتقان ئىشلارنىمۇ بىلەمدۇ؟ ياق! ئۇلار غايىب بولدى. قانداق غايىب بولدى؟ ئۇلار مودا، دورامچىلىق، زىبۇ-زىنندت ۋە تاشقى گۈزەللىكنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، بەزىلىرى ھەتتا ھارام ئىشلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوقاتتى؛ ئەگەر خالىسىڭىز ئۇلارنى «شۇنىڭغا غەرق بولدى» دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىز ئۇلاردىن ئۇممەت بىناسىنى ساپ ھالەتتە قۇرۇپ چىقىشقا ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدا، ئۇلار ئەكسىچە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىكى ئۇممەت بىنالىرىنى چېقىشقا ئىشلىتىدىغان جوتۇغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنىڭ قولىنى ئىسلامنى يىقىتىشتىن تارتىۋېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. دىن دۈشمەنلىرى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئاساسى — ئايالالار

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، تىرمىزى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى چۈنكى ئاياللار بۇزۇلسا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئەتراپىدىكى بارلىق كىشىلەر بۇزۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمان ئاياللارنى ئەڭ ناچار ئىشلارغا سالدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئاياللار ھەم بىلىپ ـ بىلمەي ئۇ (رەزىل) شوئارلارغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا چۆكۈپ كەتتى. لا حول ولا قوة إلا بالله!

ئى الله نىڭ ئايال بەندىسى! ئەگەر بۈگۈنكى كۈندىكى جەڭنى پەقەت سىزلا تەرك ئەتكەن بولسىڭىز ئىشلار تولىمۇ ئاسان بولغان بولاتتى، بىز ئەر كىشىدىن تولۇقلىۋالاتتۇق لېكىن سىز بۈگۈنكى جەڭگە ھازىر بولۇش ۋە تەييارلىق قىلىشنى تەرك ئەتسىڭىز، ئۇممەتنىڭ ھەممىسى سىز بىلەن بىرگە غايىب بولسا، بۇ ۋاقىتتا ياشلارنى جەڭگە كىم تەربىيىلەيدۇ؟! جەڭگە ماڭغان ئەرنىڭ كەينىدە كىم تۇرىدۇ؟! ئاتىلىرىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرىدىغان كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئانىلىرىنى كىم تەييارلايدۇ؟! شۈبھىسىزكى، بۇ ۋە بۇنىڭغا قوشۇلغان نۇرغۇن سوئاللارنىڭ جاۋابى پەقەت بىر ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ: ئۇ بولسىمۇ، ئاياللار — بۈگۈنكى جەڭگە ئۆزىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرى ۋە يارەدەملىرى بىلەن قاتنىشىشى ۋاجىب بولغان مۇھىم بىر شەخستۇر. ئۇنىڭ ھازىر بولۇشى بۇ جەڭدىكى مۇكەممەللىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، ياق! بەلكى ئۇنىڭ ھازىر بولۇشى — غەلىبە ۋە نۇسرەت يولىدىكى كانالاردىن بىرىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئى ھەمشىرەم! سىز ئۆز رولىڭىزنىڭ ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ مۇھىملىقىنى بىلگىنىڭىزدىن كېيىن، ئىسلامنىڭ بۈگۈنكى مەغلۇبىيىتىدىن چوڭ بىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز

ئۆستىڭىزگە ئېلىشىڭىز لازىم چۈنكى سىز ئۆز مەسئۇلىيىتىڭىزنى تولۇق ئادا قىلغان بولسىڭىز، ئۇممەت بۇ خارلىققا گىرىپتار بولمىغان بولاتتى. بەلكىم سىز: «مەن نېمە ئۈچۈن ئۇ ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرمەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بىز ئېيتىمىزكى: «شۇبھىسىزكى، سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز بولسا توغرا شەكىلدە ئادا قىلىنمىسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلار زىيانغا ئۇچرايدىغان ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيەتنىڭ قاتارىدىندۇر». كىچىك بالا ئەڭ ئاۋۋال سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە بارغانسېرى سىزنى ياخشى كۆرۈپ چوڭ بولىدۇ شۇڭا سىز ئۇنىڭ قەلبىگە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا الله نىڭ، الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە الله يولىدىكى جىھادنىڭ مۇھەببىتىنى تىكمىسىڭىز، چوڭ بولغاندا باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ قەلبىگە بۇ مۇھەببەتلەرنى تىكىشى ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. ئالدىڭىزدىكى تاياق ئىنچىكە چىۋىققا ئوخشايدۇ. ئى ھەمشىرەم! ئۆز مەسئۇلىيىتىڭىزنى ياخشى ئادا قىلىڭ، الله نىڭ ئىزنى بىلەن پات پۇرسەتتە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسىز.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام مىللىتى بىلەن كۇفۇر مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا يالقۇنجاۋاتقان جەڭدىكى، بولۇپمۇ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئامېرىكا باشچىلىقىدا يېڭى سەلىبىيلەر ئۇرۇشىدىكى رولىڭىزنى بايان قىلىش ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى مۇجاھىدە ئاياللارنىڭ ھاياتىدىن قىسمەن بايان قىلىش ئارقىلىق سىزنىڭ رولىڭىزنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق سىزگە

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئۆلگىلىرىنى بايان قىلىپ بەرمەكچىمىز. بۇ بايانلىرىمىز شۇ ئاياللارنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر نۇر چاچقان تەرەپ ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئانا، باتۇر ھەمشىرە ۋە قەيسەر ئاياللارنىڭ ھايات سەھىپىسىدىكى شانلىق كۆرۈنۈشلەردىن بىرى خالاس. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمان ئاياللىرىمۇ ئىلگىرىكى دەۋردىكى ئاياللاردەك دىن ئۈچۈن پىداكارلىق، ساداقەت ۋە مۇھەببەت بولغان بولسا، ئىسلام الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئەلۋەتتە غەلىبە قىلغان بولاتتى.

# ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاياللىرىدىن مۇجاھىدە ئايال ئۈچۈن ئۆرنەكلەر

ئى ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! بىز سىزگە ئەسلىتىپ ئۆتمەكچى بولغان تارىختىكى ئاياللاردىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ دىنىدىكى پەزىلەتلىرىنىڭ سىزدىمۇ ھەم ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئى ھەمشىرەم! ئاشۇ بۇزۇق ئۇسۇلچى، ياكى ھەرقانداق ئورۇندا ئۆز تېنى بىلەن تىجارەت قىلغۇچى، ياكى ناخشىچى ۋە ياكى ئۆزىنى بازارغا سالغۇچىلار ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئۈلگىڭىز ئەمەس. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى تونۇماقچى بولسىڭىز كىمگە ئەگەشكەنلىكىڭىزگە قاراڭ، ئەگەر سىز ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ئۈممەت ئاياللىرىنىڭ كىمگە ئەگىشىۋاتقانلىقىغا قاراڭ. ئەگەر بۇ ئاياللار الله تائالادىن قورققۇچى، مۇجاھىدە، ساداقەتمەن، ئىتائەتمەن، ئىبادەت قىلغۇچى، سەۋر قىلغۇچى ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا ئەگەشسە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ؛ ئەگەر بۇ ئاياللار پاھىشە، كاپىر، يالغانچى، ئازغۇن، ئازدۇرغۇچى، باشقىلارغا مايىل بولغۇچى ۋە باشقىلارنى مايىل قىلغۇچى بۇزۇق ئاياللارغا ئەگەشسە، ئۇنداقتا ئۈممەت شەكسىز زىيان ئىچىدىدۇر. مانا بۇ ھازىرقى كۈنىمىزدە بىز كۆرۈۋاتقان ئىشلاردۇر. الله تىن ئەپۇ ۋە مەغپىرەت سورايمىز.

ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى زامانلىرىدا ئاياللار جەڭ مەيدانلىرىغا كىرەتتى. بۇ ھەرگىزمۇ شۇ ۋاقىتتا ئەرلەرنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس بەلكى الله يولىدا ئۆزىنى بېغىشلاش، ئۆزىنى پىدا قىلىش ۋە

الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئىمام ئەھمەد ھەشرەج ئىبنى زىياد ئەشجەئىيدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بۇنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھەشرەج ئىبنى زىياد چوڭ ئانىسىدىن (يەنى دادىسىنىڭ ئانىسىدىن) رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئايال مۇنداق دېگەن: «خەيبەر غازىتىغا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە چىققان ئالتە ئايالنىڭ ئىچىدە مەنمۇ ھەم بار ئىدىم. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئاياللارنىڭ ھەم چىققانلىق خەۋىرى يەتكەندە بىزگە ئەلچى ئەۋەتىپ: <نېمە سەۋەب بىلەن، كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىقتىڭلار؟> دەپ سورىدى. بىز: < ئوق توشۇپ، يېمەك-ئىچمەك يەتكۈزۈپ، يېنىمىزدىكى دورىلار بىلەن جاراھەتلەرنى داۋالاپ ۋە يۇڭ ئېگىرىپ، ئېگىرگەن نەرسىلىرىمىزنى الله يولىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن چىقتۇق> دېسەك، بىزگە: <مېڭىڭلار، قايتىپ كېتىڭلار!> دېدى. الله تائالا خەيبەرنى فەتىھ قىلىپ بەرگەندىن كېيىن بىزگىمۇ باشقا ئەرلەرگە نېسىۋە ئايرىپ بەرگەنگە ئوخشاش نېسىۋە ئايرىپ چىقارتىپتۇ». مەن: «چوڭ ئانا، سىلەرگە نېمە چىقارتىپتىكەن؟> دېسەم، ئۇ: «خورما» دېدى. ئۇ ئايالنىڭ جىهادقا چىقىشنى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۈچۈق تەلەپ قىلغانلىقى — جىهادنى ۋە دىنغا پىدا بولۇشنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىزمۇ سىلەر بىلەن جىهادقا چىقايمىزمۇ؟ مەن الله نىڭ كىتابىدا جىهادتىنمۇ ئەۋزەلراق بىرەر ئىبادەتنى تاپالمىدىم> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: <ياق، سىلەرنىڭ جىهادىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ياخشىسى قوبۇل بولغان

ھەجدۇر» دېدى.[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياق، سىلەرنىڭ جىھادىڭلار قوبۇل بولغان ھەجدۇر، ئەنە شۇ سىلەرنىڭ جىھادىڭلاردۇر».

دىنىغا بولغان مۇھەببىتى سەۋەبلىك جىھادقا رۇخسەت بېرىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىلگىرىكى ئاياللارغا سېلىشتۇرساق، بۈگۈنكى ئاياللار بالىلىرىنىڭ ياكى دادىلىرىنىڭ ۋە ياكى ئېرىنىڭ الله نىڭ بۇيرۇقىغا ئىجابەت قىلىدىغانلىقى ۋە دىنىنى قوغداشقا الله يولىدا چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن چاغدا: «كاشكى الله تائالانىڭ: ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ﴾ <سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى>[2] دېگەن ئايىتى چۈشمىگەن بولسىچۇ» دەپ ئۈمىد قىلىشىدۇ. مانا بۇ ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىدا روشەن ئەكس ئەتكەن ئىلگىرىكى ۋە بۈگۈنكى ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقتۇر. ئىلگىرىكى ئاياللار پۈتكۈل كاپىر مىللەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەركەكلەرنى چوڭ قىلغان بولسا، بۈگۈنكى ئاياللار كالىغا، تاشقا، كرېستقا ۋە ھەيكەلگە ئىبادەت قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېزىلىدىغان ھەمدە خار بولغان ھالەتتە كاپىرلارغا جىزىيە تۆلىگەن ئەرلەرنى چوڭ قىلدى. لا حول ولا قوة إلا بالله!

ئى ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! بىز سىزگە ئۆزىڭىزنى زىننەتلەشتىن ئىلگىرى ئەمەللىرىڭىز ۋە قەلبىڭىزنى زىننەتلىشىڭىز ئۈچۈن سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان ئۆلگىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى مىڭ ئەر، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئەرگە باراۋەر بولغان ئۇلۇغ بىر ساھابە ئايالدۇر.

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] سۈرە بەقەرە 216- ئايەت.

ئەگەر بۈگۈنكى مۇسۇلمان ئايالлار شۇ ئايالنىڭ ئوندىن بىرىچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولالىغان بولسا ئىدى، ھەقلىرىمىز زايە بولمىغان ۋە ھۆرمەتلىرىمىز دەپسەندە بولمىغان بولاتتى. ئۇ بولسىمۇ ئەنسارى ئاياللاردىن بىرى، شىجائەتلىك مۇجاھىدە، كەئبىنىڭ قىزى نەسىبە ئۇممۇ ئەمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. ئۇ ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇممۇ ئەمارە ئەقەبە كېچىسىدىكى بەيئەتكە، ئۇھۇد غازىتىغا، ھۇدەيبىيىگە، ھۇنەين ۋە يەمامە غازاتلىرىغا قاتناشقان ۋە جىھاد قىلغان؛ جىھادتا ئاجايىپ كاتتا ئىشلارنى قىلغان، ھەتتا قوللىرى ئۈزۈلگەن». [①] ئۇ توغرىسىدا ئەللامە ۋاقىدى مۇنداق دېگەن: «نەسىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرى غەزىيە ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقان بولۇپ، ئىككى بالىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. ئۇنىڭ بىر تۇلۇمى بار بولۇپ، جەڭگە سۇ توشۇپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدى. ئۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەتتا جەڭدە قاتتىق سىناقلارغا ئۇچراپ، بەدىنىنىڭ 12 يېرى يارىلانغان ئىدى».

زۇمرە ئىبنى سەئىد مازىنى ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان چوڭ ئانىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئايال مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <بۈگۈن نەسىبە بىنتى كەئبىنىڭ مەرتىۋىسى پالانى ـ پالانىنىڭ مەرتىۋىسىدىن يۇقىرى بولدى> دېگىنىنى ئاڭلىغان ھەمدە شۇ كۈنى ئۇممۇ ئەمارىنىڭ كىيىمىنى قورسىقىغا تېڭىپ قويۇپ قاتتىق جەڭ قىلغانلىقىنى، ھەتتا بەدىنىدىن 13 يېرىنىڭ جاراھەتلەنگەنلىكىنى ۋە ئىبنى قەمئەنىڭ ئۇنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ ئۇنىڭ جاراھىتىنىڭ ئېغىرراقى

[①] زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 8 ـ توم 412 ـ بەت،

بولۇپ، ئۇ جاراھەتنى بىر يىل داۋالاتقان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جاكارچىسى ھەمرائۇلئەسەدكە چاقىردى، ئۇ ئايال كىيىمى بىلەن چىڭ تاڭدى بىراق قاننى توختىتىشقا قادىر بولالمىدى». الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە رەھمەت قىلسۇن!

ئۇممۇ ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىدىن كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئونغىمۇ يەتمەيدىغان ئادەم قالغانىدى. مەن، ئىككى ئوغلۇم ۋە ئېرىم ئۇنى قوغداۋاتاتتۇق؛ ھالبۇكى چېكىنگەن كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ قالقىنىمنىڭ يوقلۇقىنى ۋە قېچىپ كېتىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قالقىنىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: <قالقىنىڭنى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلارغا بەرگىن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قالقىنىنى قالدۇرۇپ قويدى، مەن ئۇ قالقاننى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نى قوغدىدىم. بىزگە پەقەت ئاتلىقلار قىيىنچىلىق تۇغدۇردى، ئەگەر ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش پىيادىلىك بولغان بولسا ئىنشائاللاھ بىزمۇ ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن بولاتتۇق. شۇ چاغدا ئاتلىق بىر كىشى ماڭا ھۇجۇم قىلىپ قىلىچ ئۇرغانىدى، مەن قالقان بىلەن قوغدىدىم. ئاندىن ئۇ مېنى ھېچنەرسە قىلالماي كەينىگە يانغانىدى، مەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ يالىسىنى كېسىۋەتتىم، ئاندىن ئۇ يىقىلىپ چۈشتى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئۇممۇ ئەممارنىڭ ئوغلى! ئاناڭغا ياردەم قىل، ئاناڭغا ياردەم قىل!> دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوغلۇم ماڭا ياردەملەشتى، ھەتتا ئۇ كاپىرنى قىيما-چىيما قىلىۋەتتىم».

ئۇممۇ ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ كۈنى يارىلانغانىدىم، قان توختىمايۋاتاتتى، پەيغەمبەر ﷺ: <ياراڭنى چىگىۋالغىن> دېدى. شۇ چاغدا ئانام مەن تەرەپكە كەلدى، ئۇنىڭ قېشىدىكى سومكىسىدا تېڭىق لاتىسى بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ جاراھىتىمنى تېڭىپ قويدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆرە تۇرغان ھالەتتە: <ئى ئوغلۇم! تۇرغىن، بۇ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغىن> دېدى ۋە ئانامغا قاراپ: <ئى ئۇممۇ ئەممارە! سىز قىلغاننى يەنە كىم قىلالايدۇ؟> دېدى. ئاندىن ماڭا قىلىچ ئۇرغان ئادەمنى كۆرسىتىپ: <مانا بۇ سىزنىڭ بالىڭىزغا قىلىچ ئۇرغان كىشى> دېدى». ئۇممۇ ئەممارە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ ئادەم تەرەپكە باردىم-دە، پاچىقىغا قىلىچ ئۇرۇپ تىزلاندۇرۇۋەتتىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەتتا چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە تەبەسسۇم قىلغانلىقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <ئى ئۇممۇ ئەممارە! ئۇنىڭدىن قىساس ئالدىڭىزمۇ؟> دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭ ئايىغى، قورالى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: <سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلغان الله قا ھەمدىلەر بولسۇن> دېدى».

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدىم. كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ دىن يىراقلىشىۋاتقاندا ئانام ئىككىمىز ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇپ قوغداۋاتاتتۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: <ئۇممۇ ئەممارىنىڭ ئوغلىمۇسەن؟> دېدى. مەن: <ھەئە> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئاتقىن> دېدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر ئاتلىق دۈشمەنگە تاش

ئېتىپ ئېتىنىڭ كۆزىنى يارىلاندۇردۇم. ئۇنىڭ ئېتى سەكرەشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇ ئېتى بىلەن بىللە يىقىلىپ چۈشتى. مەن يەنە تاش ئېتىشقا باشلىدىم، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ تۇراتتى. ئاندىن ئانامنىڭ بويىنىدىكى جاراھەتنى كۆرۈپ: <ئاناڭ! ئاناڭغا قارا، ئۇنىڭ جاراھىتىنى تاڭغىن!> دېدى ۋە: <ئى الله ! بۇلارنى مېنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھلىرىم قىلغىن> دەپ دۇئا قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ: <بۇندىن كېيىن دۇنيادا ماڭا قانچىلىك مۇسىبەت يەتسىمۇ پەرۋا قىلمايمەن> دېدىم».

مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ئىبنى ھىببان مۇنداق دەيدۇ: «يەمامە جېڭىدە ئۇممۇ ئەمارە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ بەدىنىنىڭ 12 يېرى يارىلاندى، قولى ھەم ئۈزۈلگەنىدى، ئۇ شۇ جاراھەتلىرى بىلەن مەدىنىگە كەلدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى؛ مۇسەيلىمە كاززاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوغلى ھۇبەيب ئىبنى زەيدنىڭ ئەھۋالىنى؛ ھۆررە كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاھارەت ئېلىش سۈپىتىنى رىۋايەت قىلغان ۋە مۇسەيلىمە كاززاپنى ئۆز قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرگەن ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد مازىنىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇھۇد كۈنى ئوڭ تەرىپىمدىمۇ، سول تەرىپىمدىمۇ ئۇنىڭ مېنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم».①

① «صفة الصفوة» 2- توم 63- بەت.

«الإصابة» دېگەن كىتابتا ۋاقىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇممۇ ئەممارىگە ئوغلى ھۇبەيب ئىبنى زەيدنى مۇسەيلىمەنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك خەۋىرى كەلگەن چاغدا، ئۇ ياكى مۇسەيلىمەنى ئۆلتۈرىدىغانغا، ياكى مۇسەيلىمە ئۇنى ئۆلتۈرىدىغانغا ﷲ تائالاغا قەسەم قىلدى. ئاندىن ئۇ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن يەمامە جېڭىگە قاتناشتى، ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى، ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسەيلىمەنى ئۆلتۈردى. ئۇممۇ ئەممارىنىڭ قولى شۇ جەڭدە كېسىلگەن ئىدى»[1].

ئىبنى ھىشام ئۆزىنىڭ «زيادة» ناملىق كىتابىدا سەئىد ئىبنى رابىئىنىڭ ئانىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇممۇ ئەممارىنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئى هاما، ماڭا ئۇھۇد كۈنىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز» دېسەم، ئۇ: «ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە چىقتىم، مېنىڭ قېشىمدا بىر تۇلۇم سۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەر بىلەن بىرگە بولۇپ، شۇ چاغدا غەلىبە ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت مۇسۇلمانلار تەرەپتە ئىدى. بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدۇق، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولغاندا مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ، تاكى پەيغەمبەر ﷺ جاراھەتلەنگەنگە قەدەر ئۇنى قوغداپ بىۋاستە ئۇرۇش قىلدىم». سەئىد ئىبنى رەبىئىنىڭ ئانىسى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭ بويىنىدىكى چوڭقۇر تاتۇقنى كۆرۈپ: <بۇ يەرنى كىم يارىلاندۇرغان؟> دېسەم، ئۇ: <ئىبنى قەمئە>

[1] ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة» ناملىق كىتابى 4ـ توم 418ـ بەت.

دېدى».

مانا بۇ — شىجائەتلىك مۇجاھىدە ئايال ئۇممۇ ئەممارىدۇر. شۇنداق، ئۇممۇ ئەممارە قىلغاننى يەنە كىم قىلالايدۇ؟! ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە چىققان ئۇرۇشتىكى سەۋر ۋە ساباتىنى ئەرلەرمۇ قىلالمىغان يەردە ئاياللار قانداقمۇ قىلالىسۇن!؟ لېكىن ئى ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! ئۇنىڭ شىجائىتى، پىداكارلىقى، دىن ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشى، بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋە ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشىنى ئۆزىڭىزگە ئۈلگە قىلسىڭىز الله نىڭ ئىزنى بىلەن نىجات تاپىسىز.

ئى ھەمشىرەم! ئايال كىشىنىڭ پىداكارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش يولىدىكى قۇۋۋىتىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن ئۈلگىدىن يەنە بىرى بولسا، ئۆز دىنىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئىسلامنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن جەڭ مەيدانلىرىنىڭ خەتەرلىرىگە تەۋەككۈل قىلىپ كىرىپ، ئەرلەرگە يۈزمۇيۈز تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلانغان ساھابە ئايال — ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنهادۇر.

ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنها ھۇنەين غازىتىدا الله نىڭ دىنى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان ھالدا جەڭگە كىردى. ئۇنىڭ قېشىدا بىر تال خەنجەر بار ئىدى. ئەبۇ تەلهە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ كۈلۈپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇممۇ سۇلەيمگە قارا، ئۇنىڭ قېشىدا خەنجەر بار ئىكەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن: «ئى ئۇممۇ سۇلەيم، بۇ خەنجەرنى نېمە قىلىسىز؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنها:

«ئۇلاردىن بىرەرسى ماڭا يېقىنلىشىپ قالسا بۇ خەنجەرنى تىقىۋېتىمەن» دېدى. (يەنە بىر رىۋايەتتە: «<ئۇلاردىن بىرەرسى ماڭا يېقىنلىشىپ قالسا بۇ خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى بۇسۇۋېتىمەن> دېدى» دېيىلگەن.) پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.[1]

ئى مۇجاھىدە ھەمشىرەم! بىز ئاياللىرىمىز ھەققىدە ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق قەلبىي قۇۋۋەتكە ئىگە يەنە بىر ئۈرنەكنى سىزنىڭ دىققىتىڭىزغا سۇنماقچىمىز. بىز ئۆز كەينىدە ئەنە شۇنداق ئايالى بارلىقىنى بىلگەن بىر ئەرنى ئۆز جىھادى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىدىن توختاپ قالىدۇ دەپ ئويلىمايمىز. بۇ ئۈرنەك بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاممىسى، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

«الإصابة» ناملىق كىتابتا ئۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئاياللارنى <فارىئ> دېگەن بىر قورغاندا ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە قالدۇرۇپ، خەندەك غازىتىغا چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا يەھۇدىيلاردىن بىرى قورغانغا يامىشىپ بىزگە يېقىنلاشتى. مەن ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن> دېسەم، ئۇ ماڭا: <ئەگەر مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك ماغدۇرۇم بولغان بولسا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە جەڭگە چىقمامدىم> دېدى. ئۇ شۇ چاغدا ھەقىقەتەن بەك قېرىپ، ماغدۇرىدىن كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن نىقابلىنىپ قولۇمغا كالتەك ئېلىپ، قورغاندىن يەھۇدىي

[1] «حياة الصحابة» 1ـ توم 597ـ بەت، «صفة الصفوة» 2ـ توم 66ـ بەت.

تەرەپكە چۈشتۇم ـ دە، كالتەك بىلەن ئۇنى ئۆلگۈچە ئۇردۇم ۋە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹ئۇنىڭ بېشىنى قورغان ئاستىدىكى يەھۇدىيلارغا تاشلاپ بەرگىن› دېسەم، ئۇ: ‹الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى قىلالمايمەن› دېدى. ئاندىن ئۇ باشنى ئېلىپلا يەھۇدىيلار تەرەپكە ئاتتىم، ئاندىن يەھۇدىيلار: ‹ئۇ (پەيغەمبەر ﷺ نى دېمەكچى) ئايال ـ باللارنى قوغدىغۇچىسىز تاشلاپ قويماپتۇ› دېيىشىپ تىكىۋېتىشتى». [1] مانا بۇ — ئىسلامدا تۇنجى بولۇپ مۇشرىك ئۆلتۈرگەن ئايال سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

ئەمدى بىز ئۇنىڭ ئەرلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرۇشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇشى پەقەت تىلى بىلەنلا بولمىغان ۋە پەقەت جىھادقا چىقماي قالغانلارغىلا بولماستىن بەلكى ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمىغان غازىلارغا ھەم بولغان. ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة» ناملىق كىتابىدا ھىشام ئۆزىنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇھۇد جېڭىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر نەيزە بار بولۇپ، كىشىلەر كەينىگە چېكىنگەندە، ئۇ قولىدىكى نەيزە بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتەتتى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى زۇبەير! ماۋۇ ئايالغا (ئاناڭغا) قارا› دېدى».

ئەمدى بىز ئۇنىڭ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشى ۋە الله تائالادىن ئەجىر ـ ساۋاب ئۈمىد قىلىشىغا كەلسەك، ئۇ بىر ئېگىز تاغقا ئوخشايتتى. تارىخي كىتابلاردا مۇنداق كەلتۈرۈلگەن: «ئۇھۇد كۈنى

[1] ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة» ناملىق كىتابى 7 ـ توم 744 ـ بەت.

ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد قىلىندى. سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆز قېرىندىشى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كۆرۈش ئۈچۈن ماڭدى. ئوغلى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ: <ئى ئانا! پەيغەمبەر ﷺ سىزنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدى> دېگەنىدى، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <مەن قېرىندىشىمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، چىرايىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى، جەسىتىنىڭ پارچىلىنىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله يولىدا بولغان تۇرسا، الله تائالا شۇ سەۋەبلىك بىزنى رازى قىلىدىغان تۇرسا نېمىشقا قايتىمەن؟! مەن ئىنشائاللاھ سەۋر قىلىمەن ۋە الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىمەن> دېدى. ئاندىن زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئانىسىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <مەيلى ئۇنى قويۇۋېتىڭلار> دېدى. ئاندىن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قېرىندىشى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا الله تىن مەغپىرەت سورىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى».

ئى ھەمشىرەم! سىز ئۈچۈن يەنە بىر بۈيۈك نەمۇنە بار. بىزنىڭ ئاياللىرىمىز قاچانمۇ ئىلگىرىكى ئاياللاردەك دىن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش مەرتىۋىسىگە يېتەر؟! بۇ نەمۇنە ئايال بولسا مۆئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاغىسى يەزىد ئىبنى سەكەنىنىڭ قىزى رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

ئىمام زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابىدا ئۇ ئايال ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا بەيئەت قىلغان مۇجاھىدە ئاياللارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇ

يەرمۇك جېڭى بولغان كۈنى چېدىرنىڭ ياغىچى بىلەن توققۇز رۇملۇقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن». [1]

الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ۋە مۇسۇلمانلارنى مۇداپىئە قىلىشتا ئۆلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مۇجاھىدە ئاياللارنىڭ قاتارىدىن — ئۇممۇ مۇسا لەخمىيە بولۇپ، بۇ ئايال ئەندەلۇسنى فەتىھ قىلغان مۇسا ئىبنى نەسىرنىڭ ئانىسى، نەسىر لەخمىينىڭ باتۇر ئايالىدۇر. بۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن يەرمۇك ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، كۈچلۈك بىر دىنسىزنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى غەنىيمەت ئالغان. ئۇممۇ مۇسا ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋانغا ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ چاغدا بىز ئاياللار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئىدۇق، ئەر كىشىلەر ئايلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. مەن تۇيۇقسىز دىنسىز ۋە قوپال بىر ئادەمنىڭ بىر مۇسۇلماننى سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ بېرىپ ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتتىم ۋە ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى غەنىيمەت ئېلىشىمغا ئەرلەر ياردەملەشتى». [2]

مەن سىزدىن سوراپ باقاي ئى ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! سىز ئۆزىڭىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن، يارىلانغان، سەرسان بولغان ۋە پۇل ـ ماللىرىنىڭ بۇلىۋېلىنغان ھالىتىنى قانچە قېتىم كۆردىڭىز؟ سىز ئۇلارغا كەلگەن ئەزىيەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۇچۇن

[1] «سير أعلام النبلاء» 2 ـ توم 297 ـ بەت.

[2] «الإصابة» 4 ـ توم 501 ـ بەت.

بىرەر كۈن بولسىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇممۇ مۇسانىڭ يۇقىرىقى بىر هالەتنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟! قولىدا قىلىچ ۋە قوراللار بولغان دۈشمەن تەرەپكە قولىدىكى ئاددىي بىر كالتەك بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟! ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى پەقەت دىنغا بولغان غەيرىتى سەۋەبلىك بولدى. ئۇنداقتا قېنى سىزنىڭ غەيرىتىڭىز؟ ياكى غەيرىتىڭىز سىزنى ماللىرىڭىزنى مۇجاهىدلارغا ئىشلەتمەسلىككە، ئوغلىڭىز ۋە يولدىشىڭىزنى الله يولىدىكى جىهادتىن توسۇشقا ئۈندىدىمۇ؟!

ئى مۇسلىمە هەمشىرەم! ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەهىل رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ هەكىم بىنتى هارىسنىڭ قىسسىسىدە سىز ئۈچۈن بىر ئىبرەت بار. ئۇ ئېرى توغرىسىدا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى قانداق يەڭدى؟ شۇنىڭ هەممىسى پەقەت جىهاد ئۈچۈن بولغان ئىدى.

ئۇممۇ هەكىم بىنتى هارىس رەزىيەللاهۇ ئەنها يولدىشى ئىكرىمە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ بىلەن رۇملۇقلارغا قارشى جىهادقا چىققانىدى، جەڭدە ئۇنىڭ يولدىشى شەهىد بولدى. كېيىن ئۇ خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس بىلەن توي قىلدى. مەرەج سەفەر ۋەقەسى بولغان چاغدا خالىد رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئۇنىڭغا توي تەلىپى قويغانىدى، ئۇ: «الله تائالا مۇشۇ قوشۇننى مەغلۇپ قىلغۇچە تەخىر قىلسىڭىز» دېدى. خالىد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئۇنىڭغا: «مېنىڭ كۆڭلۈم ماڭا: <سەن بۇ قېتىم شەهىد قىلىنىسەن> دەپ خىتاب قىلىۋاتىدۇ» دېگەنىدى، ئۇممۇ هەكىم: «ئۇنداقتا مەيلى» دېدى.

خالىد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن «قەنتەرە» دېگەن جايدا توي قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي «قەنتەرە ئۇممۇ ھەكىم» دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئەتىسى توي زىياپىتى بەردى. ئۇلار تاماقتىن تارقالماي تۇرۇپلا رۇملۇقلار باستۇرۇپ كەلدى ۋە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. خالىد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ يەردە شەھىد بولدى. ئۇممۇ ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ كىيىملىرىنى مەھكەم چىگىپ جەڭگە كىردى، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىمىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار دەريادا جەڭ قىلدى. ئۇممۇ ھەكىم شۇ قېتىملىق جەڭدە خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن توي كېچىسى ئۆتكۈزگەن چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىنى ئېلىپ رۇملۇقلاردىن يەتتىنى ئۆلتۈردى.[①]

تارىختىكى ئۇ ساھابە ئاياللارنىڭ جىھادقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ھېرىسمەنلىكى بولسا سىزنىمۇ ھەم جىھادنى ياخشى كۆرۈشكە قىزىقتۇرىدىغان ئۇلگىدۇر ۋە بۇ ئۇلگىدە ئەلۋەتتە ئىبرەت باردۇر. بىزنىڭ ئاياللىرىمىز جىھادنى ياخشى كۆرۈشتىن نەقەدەر يىراق، بۇ كاتتا ئىبادەتنى يامان كۆرۈشكە نەقەدەر يېقىن ـ ھە!؟ مانا بۇ ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ قەلبىدە الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتى باشقا بارلىق نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۇستۇن بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش بولغان بولاتتى.

ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة» ناملىق كىتابىدا مۇنداق كەلگەن:

---

① ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة» ناملىق كىتابى 4 ـ توم 443 ـ بەت.

«رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھاننىڭ ئۆيىدە چۈش ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالدى. بىر چاغدا كۈلۈپ تۇرۇپ ئويغاندى ۋە: <(چۈشۈمدە) ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر الله يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن خۇددى تەخت ئۈستىدىكى شاھلاردەك كېمە بىلەن دېڭىزدا كېتىۋاتقۇدەك> دېدى. ئۇممۇ ھەرام: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ> دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ئاندىن بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى ۋە يەنە كۈلگەن پېتى ئويغاندى. ئۇممۇ ھەرام: <ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ كەتتىڭ؟> دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يۇقىرىقىدەك چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇممۇ ھەرام: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <سىز ئاۋۋالقى قېتىمقىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىڭىز> دېدى.

دەرۋەقە، ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېيىن دېڭىز ئۇرۇشىغا قاتناشتى ۋە قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاپات بولدى.[1]

ئەللامە ئىبنى ئەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قىبرىس غازىتى ئىدى. ئۇ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى قوشۇننىڭ ئەمىرى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. بۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت دەۋرى بولۇپ، بۇ ۋەقە ھىجرىيە 27 ـ يىلى يۈز بەرگەن».

ئى ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! مانا بۇ — ناچار ھاياتقا رازى

[1] «الإصابة» 4 ـ توم 441 ـ بەت.

بولمىغان، ئىسلامدىكى ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىگە يېتىشكە ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئۆزىنىڭ الله يولىدىكى غازىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ دىن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ئۇمmۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. بۇ تەلەپ ئۇنىڭ قەلبى پەقەت الله نىڭ، الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ۋە الله يولىدىكى جىھادنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولغانلىقىنى شۇنداقلا ئۆز جېنىنى شۇ مۇھەببەتلەر باراۋېرىگە ساتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۆز جەننىتىگە داخىل قىلسۇن!

ئى ھەمشىرەم! سەۋرچانلىق ۋە ئۆز ئوغۇللىرىنى جىھادقا قىزىقتۇرۇشتا سىزگە نەمۇنە بولالايدىغان يەنە بىر ئۈلگە ئايال بار، ئۇ بولسىمۇ ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى، «ئىككى بەلباغ ئىگىسى» دەپ ئاتالغان ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

«سير اعلام النبلاء» ناملىق كىتابتا ئۇ ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇنىڭ ئوغلى ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: «مەن قېرىندىشىم ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇ شەھىد قىلىنىشتىن ئون كۈن بۇرۇن ئىككىمىز ئانىمىزنىڭ يېنىغا كىردۇق، ئانىمىز كېسەل ئىدى. ئابدۇللاھ:

— قانداق ئەھۋالىڭىز ئانا؟ — دەپ سورىغانىدى، ئانام:

— ئاغرىپ قالدىم ئوغلۇم، — دېدى. ئابدۇللاھ:

— ھەقىقەتەن ئۆلۈمنىڭ ئەپۇسى بار، — دېگەنىدى، ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟! ئۇنداق قىلمىغىن، — دېدى ئاندىن، — سېنىڭ ئىككى

هالىتىڭنىڭ بىرى كەلمەي تۇرۇپ ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلمايمەن. ئەگەر ئۆلتۈرۈلسەڭ، مەن الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىمەن؛ غەلىبە قىلساڭ، مەن خۇشال بولىمەن. ئەمما، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالما، — دېدى. ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: <قېرىندىشىم ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى سۆزىدە پەقەتلا ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى 100 ياشقا كىرىپ ياشىنىپ قالغان ئانىسىغا ئېغىر كېلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقچى ئىدى.

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ شەھىد بولغاندا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنهاغا تەسەللىي بەرمەكچى بولۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ — ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ دارغا ئېسىلغان چاغ ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنهاغا: «ھەقىقەتەن بۇ جەسەتتە ھازىر ھېچنەرسە يوق ئەمما روھلىرى الله نىڭ دەرگاھىدا بولىدۇ. الله قا تەقۋا بولۇڭ ۋە سەۋر قىلىڭ» دېگەنىدى، ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنها: «نېمىشقا سەۋر قىلمىغۇدەكمەن!؟ ۋەھالەنكى الله نىڭ پەيغەمبىرى يەھيا ئىبنى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى بەنى ئىسرائىلدىكى بىر بۇزۇق خوتۇنغا ھەدىيە قىلىنغان تۇرسا!» دېدى.

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنها الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇسىبىتىنى ئۆز مۇسىبىتىدىن ئېغىر سانىدى چۈنكى الله نىڭ دىنىغا بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆز ئوغلىنىڭ مۇھەببىتىدىن سۆيۈملۈك ئىدى. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنها الله نىڭ پەيغەمبىرى يەھيا

ئەلەيھىسسالامغا يەتكەن مۇسىبەتنى ئەسلىگەندى، ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ مۇسىبىتى يەڭگىل بىلىندى.

ئى ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! ساھابە ئاياللارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سالامەت بولۇشىنى ئۆز ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە باشقا بارلىق نەرسىلەردىن مۇھىم ھېسابلىغان يەنە بىر نەمۇنە بار. ئۇ ئايال ئۆز ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ دىنغا زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بولسا دىن ئۈچۈن چوڭ مۇسىبەت ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن ئىدى.

«التاريخ الإسلامي» ناملىق كىتابتا مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد غازىتىدىن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا كىشىلەر ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلاردىن سوئال سوراش ئۈچۈن چىققىشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەنسارىلارنىڭ سەردارى سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ئانىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئوغلى سەئىدنىڭ ئېتىغا مىنگەن ۋە سەئىد ئاتنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇپ ماڭغان ئىدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئانام بولىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قارشى ئالىمىز» دېدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ئوغلى ئەمر ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە تەزىيە بىلدۈردى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ﷺ گە: «سىزنى كۆرۈپلا مۇسىبىتىم يەڭگىللىدى» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «خۇش بىشارەت ئېلىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا خۇش بېشارەت يەتكۈزۈڭ. ئۇلار شەھىد بولغان كىشىلىرى بىلەن جەننەتتە بىرگە بولىدۇ ۋە ئۇ شەھىدلەر ئۆزىنىڭ

پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا شاپائەت قىلىدۇ» دېدى.①

ھەرقانداق بىر مۇسىبەتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سالامەتلىكى ئالدىدا ئەرزىمەس سانايدىغان يەنە بىر ساھابە ئايال بار. ئۇ ئايال — بۈگۈنكى كۈندىكى ئۆز دىنىغا ۋە دىن ئەھلىگە يەتكەن مۇسىبەتنى چوڭ بىلمەيدىغان ئەمما پەقەت ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىسى ئۈچۈنلا يىغلايدىغان ئاياللارغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئى ھەمشىرەم! ئەگەر جەننەتكە كىرىشنى خالىسىڭىز شۇ سالىھە ئاياللارغا قوشۇلۇڭ.

«البداية والنهاية» ناملىق كىتابتا مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بەنى دىنار قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى، دادىسى ۋە قېرىندىشى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزگەنىدى، ئۇ ئايال: <پەيغەمبەر ﷺ چۇ؟> دەپ سورىدى. ئۇلار: <ئەلھەمدۇلىللاھ، ئۇ سەن ئۈمىد قىلغاندەكلا ياخشى> دېگەنىدى، ئۇ ئايال: <مىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار، ئۇنى بىر كۆرەي> دېدى. كىشىلەر ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆرۈپ: <سەن سالامەت بولساڭلا ھەرقانداق مۇسىبەت بىز ئۈچۈن كىچىك ۋە ئاز ھېسابلىنىدۇ> دېدى».②

① «التاريخ الإسلامي» 2ـ توم 246ـ بەت.

② «البداية والنهاية» 4ـ توم 47ـ بەت.

ئى ھەمشىرەم! ئەگەر خالىسىڭىز سىزگە الله يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان ۋە الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلغان يەنە بىر نەمۇنە ئايالنى سۆزلەپ بېرىمىز ۋە سىزنىڭ بۇ ئۆلگىلەرگە ئەگىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ بۇيۈك نەمۇنە بولسا سىلە ئىبنى ئەشيەمنىڭ ئايالى، بەسرەلىك، ئىبادەتگۈي، كاتتا ئالىم ئايال مۇئازە بىنتى ئابدۇللاھ ئۇممۇ سەھباھتۇر. ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئوغلى جەڭدە شەھىد بولۇپ كەتكەن چاغدا ئاياللار ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەنىدى، ئۇ ئاياللارغا: «ئەگەر سىلەر تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن بولساڭلار مەرھەمەت، ئۇنداق بولمىسا قايتىپ كېتىڭلار!» دېدى ۋە: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن مۇشۇ سەۋەبلىك رەببىمگە يېقىنلىشىشنى شۇنداقلا الله تائالانىڭ مېنى يولدىشىم ۋە ئوغلۇم بىلەن جەننەتتە جەم قىلىشىنىلا ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.[1]

ئى ھەمشىرەم! تۆۋەندىكىسى الله تائالا ئۇنى ئاياللار ئىچىدىن ھۆرمەتلىك قىلغان، كۆپ ئەۋلاد بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى الله يولىدا جىھاد قىلدۇرۇش بىلەن مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن ئالاھىدە بىر ئايال ئەفرائ بىنتى ئۇبەيد ئىبنى سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة» ناملىق كىتابىدا ئۇ توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: مۇئاز ۋە مۇئەۋۋىز ئىككىسى شەھىد قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ ئانىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «بۇلار ئەۋف ئىبنى ھارىسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بالىلىرىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق» دېدى. ئەفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ باشقىلاردىن

[1] ئىمام زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 4- توم 508- بەت.

پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پەزىلىتى بار ئىدى. ئۇ ھارىستىن كېيىن بەكرى ئىبنى لەيس بىلەن توي قىلىپ، ئىياس، ئاقىل، خالىد ۋە ئامىر قاتارلىق تۆت بالا تۇغدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋە ئۇنىڭ ھارىستىن بولغان ئىلگىرىكى بالىلىرىنىڭ ھەممىسى بەدرگە قاتناشتى. دېمەك، بۇ ساھابە ئايالنىڭ يەتتە بالىسىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بەدر جېڭىگە قاتناشقانىدى.[①]

ئەركەكلەرنىڭ ئانىسى بولغان ئى ھەمشىرەم! سىزنىڭ قانچە بالىڭىز بار؟ ئەفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆز بالىلىرىنى الله يولىغا تەقدىم قىلغانغا ئوخشاش، سىزمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىڭىزدىن بىرەرىنى بولسىمۇ تەقدىم قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ بىرەر غازاتقا بولسىمۇ قاتنىشىپ باققان ئوغلىڭىزدىن بىرەرسى بارمۇ؟ شۇنچە بالىلىرىڭىزدىن بىرەرسىنى بولسىمۇ دىن ئۈچۈن تەقدىم قىلماستىن الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالاغا ئۇچرىشىشتىن ھايا قىلمامسىز؟! سىز بالىلىرىڭىزنى جىھادتىن توسۇشتا الله تىن قورقمامسىز؟ سىز ئىلگىرىكى ئاياللاردىن تەربىيە ۋە ئىبرەت ئالمىدىڭىزمۇ؟ ئى ھەمشىرەم! شۇ ئاياللار ئالغان ئەجىرنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار تەقدىم قىلغان نەرسىنى سىزمۇ ھەم تەقدىم قىلىڭ!

تۆۋەندە بايان قىلىدىغىنىمىز يەنە بىر مەشھۇر ئايال. ئەگەر بىزنىڭ ئاياللىرىمىزمۇ شۇ ئايالدەك بولالىغان بولسا، ھېچكىم جىھادتىن قالمىغان ۋە ئەرلەر جىھادقا توپ-توپ بولۇپ چىققان بولاتتى. بۇ ئايال خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. ئىبنى ھەجەرنىڭ

---

[①] «الإصابة» 8-توم 26- بەت.

«الإصابة» ناملىق كىتابىدا ئۇ ئايال ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: خەنسا بىنتى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۆت ئوغلى بىلەن قادىسىيە جېڭىگە قاتناشتى. ئۇ باللىرىنى جىھادقا قىزىقتۇرۇپ ۋە قاچماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «سىلەر الله قا ئىتائەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدۇڭلار ۋە الله نىڭ تاللىشىغا ئېرىشىپ ھىجرەت قىلدىڭلار. سىلەر بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداشسىلەر. ئاتاڭلارنىڭ ھېچبىر يامان ئىللىتى يوق ئىدى، تاغىلىرىڭلار ھەم باشقىلارنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ باقمىغان». ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەلۋەتتە كاپىرلار بىلەن بولغان جەڭدىكى الله تائالانىڭ سىلەرگە تەييارلاپ قويغان كاتتا ساۋابىنى بىلىسىلەر. بىلىڭلاركى، مەڭگۈلۈك ھايات بولغان جەننەت ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يوق بولۇپ كېتىدىغان بۇ دۇنيادىن ياخشىدۇر. ئىنشائاللاھ ئەتە ئەتىگەن ئورنۇڭلاردىن سالامەت تۇرساڭلار، دۈشمىنىڭلارغا قارشى خۇددى ئاخىرەتتىكى ئۆز ئورنۇڭلارنى كۆرۈۋاتقاندەك جەڭ قىلىڭلار. الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى غەلىبە قىلغۇچىلاردىن بولۇپ الله بىلەن بىرگە جەڭ قىلىڭلار. قاچانىكى جەڭنىڭ قاتتىق قىزىغانلىقىنى، ئۇ جەڭنىڭ باشلىنىشى بىلەن جەڭ مەيدانىنىڭ زىلزىلىگە كەلگەنلىكىنى ۋە جەڭ قىزىپ قوشۇننىڭ ئالدى-كەينىدە ئوتلارنىڭ يالقۇنجاۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلار، سىلەر ئۇ جەڭنىڭ ئەڭ قىزىغان يېرىگە بېرىڭلار ۋە جەڭ كەسكىنلەشكەندە دۈشمەننىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن تۇتۇشىڭلار. ئەگەر ھايات قالساڭلار غەنىيمەت بىلەن، ئۆلتۈرۈلسەڭلار مەڭگۈلۈك جەننەتتىكى ئورنۇڭلار ۋە شەرىپىڭلار بىلەن غەلىبە قىلىڭلار». ئۇلار

ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ جەڭگە چىقىشتى. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ مەركەزلىرىگە ئالدىراپ كېلىشتى ۋە جەڭ باشلانغاندا ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن ئۇلۇشۇپ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى. ئۇلار شەھىد قىلىنىشتىن تۆۋەندىكى قىسقىغىنە مىسرالارنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى.

بىرىنچى ئوغلى:

جەڭگاھلارغا چاقىرغان جان ئانىمىز كۆيۈمچان،
نەسىھەتى بەك ئوچۇق، ئالدىراڭلار ھەرقاچان.

قاراڭلارچۇ دۈشمەنگە جەزم قىلغاچ خارلىققا،
شۇنچە قاتتىق چىقىراپ، ئىتلار كەبى ھاۋشىغان.

كۇتۇپ تۇرغان سىلەرنى ياخشى ھايات، ئەزىزلىك،
ياكى ئىززەتلىك ئۆلۈم غەنىيمەتلەر قالدۇرغان.

دېگىنىچە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى.

ئاندىن ئىككىنچى ئوغلى ئالغا ئىلگىرىلەپ:

ئىككى دۇنيا پايدىلىق توغرا ئىشقا بۇيرۇغان،
ئىرادىلىك، چىدامچان، ئاقىل، ئەزىز ئانىجان.

ئاتلانماقتا جەڭگاھقا قىلدى پەندۇ ـ نەسىھەت،
كەلگىنىدە غەلبىلەر بولمامسىلەر بىئارمان.

ياكى مىراس قىلغىنى شۇ ئۆلۈمنىڭ سىلەرگە،
گۈزەل ھايات پىردەۋس ئەبەدىيلىكتۇر ھامان.

دېدى ـ دە، ئۇمۇ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى.

ئاندىن ئۈچىنچى ئوغلى ئالغا ئىلگىرىلەپ:

قىلماسلىقتا ئاسىيلىق ئانىمىزنىڭ سۆزىگە،
رەببىمىزگە يۈرەكتىن بەردۇق ۋەدە ـ قەسەمياد.

جەڭگاھلارغا بۆيرۈدى ياخشى كۆرۈپ بىزلەرنى،
ئاتلىنىڭلار مەيدانغا شۇڭا سىلىپ ئۈچقۇر ئات.

ھەيۋەڭلاردىن كەينىگە قاچسۇن بولۇپ شەرمەندە
ھەتتا كىسرا قوشۇنى چېكىپ نالە ھەم پەرياد.

دېدى ـ دە، ئۇمۇ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى.
ئاندىن تۆتىنچى ئوغلىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ:

قايتۇرمىسام دۈشمەنگە جاۋابىمنى قەھرىدىن،
قانداق بولاي خەنسانىڭ، ئەخرەملەرنىڭ نەسلىدىن.

ئاتلىنايلى غەلىبىگە ـ غەنىيمەتكە ھاياتتا،
ئۆچرىشايلى ۋە ياكى توغرا يولدا ماماتقا.

دېدى ـ دە، ئۇمۇ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى. الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز رەھمىتىگە ئالسۇن.

خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بالىلىرىنىڭ شەھىد بولغانلىق خەۋىرى يەتكەندە، ئۇ: «مېنى ئۇلارنىڭ شاھادىتى بىلەن شەرەپلەندۈرگەن اللهقا ھەمدىلەر بولسۇن! الله تىن مېنى ۋە بالىلىرىمنى ئۆزىنىڭ رەھمەت ماكانى بولغان (جەننەتلەردە) جەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا تۆت بالىسىنىڭ نېسىۋىسىنى ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن 200 دەرھەم تەقسىم بولغانىدى.

ئى مۇسلىمە ھەمشىرەم! مانا بۇ سىزگە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھاياتىدىن ئوچۇق بىر كۆرۈنۈش. بىز يۇقىرىدا سىزگە پەقەت ئۇلارنىڭ جىھادىنىلا سۆزلىدۇق. ئۇلارغا ئوخشاش ئاياللار يەنە كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىسەك سۆزىمىز بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. بىزنىڭ سىزگە ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ پەقەت بىر تەرىپىنىلا بايان قىلغانلىقىمىز بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىز يەنە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى، الله تائالاغا بولغان تەقۋالىقىنى، ئىلمىنى، سادىقلىقىنى ۋە باشقا ئەمەللىرىنى سۆزلىسەك قانداق بولۇپ كېتەر-ھە!؟ ئەگەر ئۇنداق قىلساق مەقسىتىمىز بەك ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردە سۆزلىگەنلىرىمىزمۇ الله خالىسا كۇپايە قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز.

# بىزنىڭ ئەسىرىمىزدىكى ئاياللاردىن مۇجاھىدە ئاياللارغا نەمۇنىلەر

ئى ھەمشىرەم، بەلكىم سىز ئەنە شۇنداق قىسسىلەرنى ئاڭلىغىنىڭىزدا: «بۇ بىر خىيالىي ھېس-تۇيغۇ ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ چۆچەكلىرى» دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ئەمما بۈگۈنكى ئاياللارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىلگىرىكى ئاياللارغا ئوخشاش نادىر ئاياللارنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ۋاقتىڭىزدا، ئىلگىرىكى ئاياللار ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلىرىمىزگە ئىشىنىسىز.

بىزنىڭ ئەسىرىمىزدىكى ئاياللارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنى الله ئۈچۈن پىدا قىلغان ۋە تەقدىم قىلغان، ئۆز زامانىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئالىيسى، ئىنشائاللاھ شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەن ھەۋۋا بەرايفتۇر. ئۇنىڭ زېمىنىنى دۈشمەنلەر بېسىۋېلىپ خەلقىنى خارلاۋاتقان شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى بىر ياش ئايال بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ زۇلۇملىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە بېسىپ كەلگەن شۇ دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارغا قولىدىن كېلىشچە ياردەم قىلىشقا باشلايدۇ. كېيىنچە ئۇ دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار كۆپ يىغىلىشقان ئورۇنغا بېرىپ ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، پەقەت شۇ ئەمەلىيەتنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئۆز-ئۆزىگە ئېيتىپ، تەييارلىق قىلىش ۋە شۇ ئەمەلىيەتلەردىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەرەبىي بەرايىف (رەھىمەھۇللاھ) شۇ

ئىشلارغا مەسئۇل كىشىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاررۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم بېرەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۈشمەن سېپىگە قاتتىق زەربە بېرىدىغان پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىنى تەييارلاپ بېرىشنى تاغىسىنىڭ ئوغلىدىن تەلەپ قىلدى. ئۇ ئايالنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن تاغىسىنىڭ ئوغلى لىق پارتلاتقۇچى ماددا بېسىلغان چوڭ ماشىنىدىن بىرنى تەييارلاپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتنى قانداق قىلىشنى ئۈگەتتى. ئۇ ئۆز رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ناماز ئوقۇدى، قۇرئان تىلاۋەت قىلدى ۋە ئەرلەرنىڭ ھەممىتىمۇ ئاجىز كېلىدىغان بىر كۆرۈنۈشتە ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىنلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن ماشىنىغا چىقىپ دۈشمەن مەركەزلىرىدىن بىرىگە كىرىپ كەتتى-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا ئۇ يەرنى خارابىيلىققا ئايلاندۇردى ۋە ئۆز رەببىگە شەھىد بولغان ھالدا ئۇچراشتى. بىز ئۇنى شۇنداق ئويلايمىز، الله قا ھېچكىمنى پاكلىمايمىز.

دىن نۇسرىتى ئۇچۇن كۈرەش قىلغان ۋە ئۆزىنى دىن نۇسرىتىگە ئاتىغان يەنە بىر نەمۇنە ئايال مەككىلىك ئۇممۇ ئۆمەردۇر.

ئۇممۇ ئۆمەر گەرچە ياشىنىپ قالغان ئاجىزە بىر ئايال بولسىمۇ، ئۆز قول ئىلىكىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىم قىلىپ ئافغان جىھادىغا ياردەم بېرىشكە الله قا ۋەدە قىلغان، ئۆز ئوغلىنى ئافغانىستانغا جىھادقا ئەۋەتكەن، مەككىدە ئاياللارنى جىھادقا ۋە جىھادقا ياردەم بېرىشكە دەۋەت قىلىپ قىزىقتۇرغان ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئەتكەن تاماقلارنى ئافغانىستاندا جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارغا ئەۋەتەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئافغانىستانغا بېرىپ،

مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى نىيەت قىلدى. ئاندىن ئۇ كېلىپ مۇجاھىدلارنىڭ گۇرۇپپىلىرىدىن بىرەرسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مۇجاھىدلار ئۇنىڭغا خەتەر يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەتراپىنى قوغداپ تۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ پەرۋا قىلمىدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ قورالى بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى ئوق ئاتىدىغانغا قەسەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى قېرىنداشلارمۇ ئۇنىڭ قەسىمىگە ئىجابەت قىلدى. ئاندىن ئۇ دۈشمەننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش، ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قىلغان قەسىمىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئوغلى بىلەن ماشىنىغا چىقىپ شۇ يەردىكى بىر گۇرۇپپىغا كىردى ۋە كېيىن دۈشمەنلەرگە قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ شۇ چاغدا دۈشمەنلەر راكېتا (سارۇخ) ئاتىدىغان ئورۇندا تۇرغانىدى. دۈشمەنلەر بىر قانچە پاي راكېتا ئوقى ئاتتى، ئۇ ھەتتا دۈشمەن ئۇنىڭغا راكېتا ئوقى بىلەن رەددىيە قايتۇرمىغۇچىلىك ئۇ يەردىن قايتمىغانىدى. دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا رەددىيە قايتۇرغاندىن كېيىن، ئۆز ئوقىنىڭ نىشانغا تەگكەنلىكىنى بىلىپ، ئاندىن كۆڭلى ئارام تاپتى ۋە قەلبىدىكى سىقىلىشلار يوقالدى ھەمدە ئىنشائاللاھ الله نىڭ ئەجرىگە ئېرىشتى.

ئۆلگىلىك ئاياللىرىمىزنىڭ قاتارىدىن يەنە: ئەسما ۋە ئۇممۇ سەئىدكە ئوخشايدىغان ئايال — ئۇممۇ سۇراقە. ئۇ ئۆز ئوغلىنى ئافغان جىھادىغا ئەۋەتكەن ئىدى. ئوغلى ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا ئۇ يەردىكى كىشىلەر: «ئوغلىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇنىڭغا قانداق يەتكۈزسەك بولار» دېيىشتى. لېكىن شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام (رەھىمەھۇللاھ)

ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ئوغلىنىڭ شەھىد بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەندە، ئۇ بۇ مۇسىبەتنى ئۇنچىلىك ئېغىر ھېسابلىمىدى. شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئۇنىڭغا سەۋر قىلىش ھەققىدە بەزى سۆزلەرنى قىلىش جەريانىدا ئۇ ئايالغا بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلدى چۈنكى ئۇ ئايال شەيخكە بىزنىڭ ئىلگىرىكى تارىخىمىزدىكى ئاياللار ئېيتقان سۆزلەرنى قىلىپ: «سۇراقەنىڭ الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە الله قا ھەمدىلەر بولسۇن، الله خالىسا ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشىنى ھەم ئۇنىڭ ئورنىدا سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئەۋەتىمەن» دېدى.

بىزنىڭ پىداكار ئاياللىرىمىزنىڭ ئىچىدە سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتەللىبكە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئوغلىنى جىھادقا ئۆز قولى بىلەن يوللايدىغان ئاياللار ھەم بار. ئۇ بولسىمۇ يېزىشنى ۋە ئوقۇشنىمۇ بىلمەيدىغان ساۋاتسىز ئايال ئۇممۇ غەزنەفەردۇر. ئۇ بىر كۈنى بىر سورۇندا ئولتۇرغانىدى، ئۇ يەردە بىر ئايال جىھاد ۋە شاھادەتنىڭ پەزىلەتلىرى، شەھىدنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خىسلەتلىرىنى سۆزلىدى. ئۇممۇ غەزنەفەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قەلبىگە پۈكتى ۋە مەھكەم ئېسىدە ساقلىدى. ئاندىن ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ چوڭ ئوغلى غەزنەفەرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئافغانىستانغا بېرىپ جىھاد قىلىشنى، ئەگەر الله ئۇنىڭغا شەھىدلىكنى نېسىپ قىلسا قىيامەتتە ئۆزىگە شاپائەت قىلىشنى ئېيتقانىدى، ئوغلى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قامچىدىن بىرنى تېپىپ كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «جىھادقا بار! قىيامەت كۈنى ماڭا كىم شاپائەت قىلىدۇ؟!» دەپ

ئوغلىنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن غەزنەفەر: «مەيلى سىز دېگەندەك قىلاي» دېدى.

ئاندىن غەزنەفەر مۇنداق دەيدۇ: «مەن مېڭىشقا تەييار بولۇپ، ئاندىن ئانامغا يولغا چىقماقچى بولغانلىقىمنى خەۋەر قىلىپ قوياي دەپ يېنىغا كەلسەم ئانام مەندىن: <ئۇ يەردە قانچىلىك تۇرىسەن؟> دەپ سورىدى. مەن: <تۆت ئايدىن ئالتە ئايغىچە> دېسەم، ئانام يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ تۇرۇپ: <سەن الله قا ئۆزەڭنى پەقەت ئالتە ئايلا ساتماقچىمۇ؟! ماڭ بارغىن! تاكى الله تائالا ساڭا ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى نېسىپ قىلغۇچىلىك شۇ يەردە تۇرغىن> دېدى».

ئى ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! بىزنىڭ بۇ ھازىرقى دەۋرىمىزدە مۆجىزە ھېسابلايدىغان ئىشلارنى شۇ ئاياللارنىڭ قانداق قىلغانلىقىغا قاراڭ. ئەگەر زامانىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئاياللاردەك بولغان بولسا، دۈشمەنلەر بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزگە، ئاياللىرىمىزغا ۋە بىزگە ھۆكۈمران بولالامتى؟ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ جاۋابى پەقەت «ئەلۋەتتە ياق». ئۇنداق بولسا سىزمۇ شۇ تارىخ بەتلىرىدە نامى قالغان، ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىپ بېشىمىزنى تىك تۇتىدىغان ئاياللارنىڭ قاتارىدىن بولۇش ئۈچۈن بۇ كارۋانغا قوشۇلمامسىز؟!

# ھۆرمەتلىك ھەمشىرىلىرىمىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىزنىڭ قىسقىغىنە خۇلاسىسى

ئى ھۆرمەتلىك ھەمشىرەم! بىز سىزگە سۇنماقچى بولغان رىسالىمىزنىڭ خاتىمىسىگە كېلىپ قالدۇق. سۆزىمىزنى تۈگىتىشتىن بۇرۇن سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىزنى چىرايلىق رەۋىشتە ئېيتىشنى ئويلىدۇق.

يۇقىرىدا بىز سىزگە ئىسلامنىڭ نۇسرەت قازىنىشىدا ئاياللارنىڭ رولىنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئاياللارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە سۆزلەپ بەردۇق. بىز سىزدىن پىتنە ۋە قالايمىقانچىلىق بولغان جەڭ مەيدانىغا كىرىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمىز بەلكى سىزدىن جىھاد ۋە جىھادقا تەييارلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، شۇ يولدا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش ۋە ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەلگە شېرىك بولۇشنى ياخشى كۆرۈشتە ئىلگىرىكى ئاياللارغا ئەگىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەگەر سىز دىنىڭىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قېلىشىغا ھەمدە سىز ۋە ئۈممىتىڭىزنىڭ خار-زەبۇن بولۇشىغا رازى بولسىڭىز، اللە نىڭ ئالدىدا سىز ھەققىدە ھېچنەرسىگە ئىگە بولالايمىز. بىز پەقەت سىزنى اللە نىڭ غەزىپى ۋە ئاچچىقىدىن ئاگاھلاندۇرىمىز ھەمدە ئېيتىمىزكى، اللە تىن قورقۇڭ، ئەرلەرنى جىھادتىن توسماڭ! ئەرلەر جىھادقا ماڭغاندا سىزنىڭ سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇشىڭىز ۋە اللە

ئۆنى بويرۇغان ئىشقا رازى بولۇشىڭىز — سىزگە بولغان ئەڭ تۆۋەن تەلەپتۇر.

بىلىپ قويۇڭكى، سىزنىڭ بالىڭىز، ياكى يولدىشىڭىز، ياكى قېرىنداشلىرىڭىز ۋە ياكى ئۆلاردىن باشقىلارنى جىھادتىن توسۇشىڭىز بولسا الله نىڭ يولىدىن توسقانلىقىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، الله تائالا بۇنىڭغا قەتئىي رازى بولمايدۇ. گەرچە سىز ئۆلارنىڭ جىھادقا چىقىشىغا نارازى بولسىڭىزمۇ لېكىن شەرىئەتتە ئۆلارنى توسۇش ھوقۇقىڭىز يوق. بەلكىم بۇنداق دېسەم سۆزۈمدىن ئەجەبلىنىشىڭىز ۋە: «ئانىنىڭ بۇنداق قىلىشقا قانداقمۇ ھەققى بولمىسۇن؟ ۋەھالەنكى بۇخارى ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ جىھادقا چىقىشقا ئىجازەت سورىغان چاغدا پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئاتا-ئاناڭ ھاياتمۇ؟› دەپ سورىغان. ئۇ: ‹ھەئە› دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۇ ئىككىسى ھەققىدە جىھاد قىلغىن› دېگەن تۇرسا؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

سىزگە جاۋاب بېرىپ ئېيتىمىزكى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەردە كەلگەن ھەدىسلەرنى بىزمۇ بىلىمىز لېكىن ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى كېلىدىغان ھەدىسلەرمۇ ھەم بار. ئەلۋەتتە ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىككىلىسىگە ئەمەل قىلىش ۋاجىب ئەمما ئەمەل قىلىش ئىبنى ھەجەر مۇشۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئېيتقان بويىچە بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ھىببان ‹سەھىھ› دېگەن ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹قايتىپ ئۇ ئىككىسىدىن ئىجازەت سورىغىن،

ئەگەر ئىجازەت بەرسە جىھاد قىلغىن، ئىجازەت بەرمىسە ئۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلغىن> دېگەن، بۇ ھەدىس ئىلگىرىكى ھەدىستىن تەپسىلىيراق». كۆپچىلىك ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئاتا-ئانا ياكى ئۇ ئىككىسىدىن بىرى مۇسۇلمان بولۇپ، (پەرز كۇپايە بولغان) جىھادتىن توسسا، جىھادقا چىقىش ھارام بولىدۇ چۈنكى ئۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىش پەرز ئەين، جىھادقا چىقىش بولسا پەرز كۇپايە ئەمما پەرز ئەين بولغان جىھادتا ئىجازەت سوراش كەتمەيدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس يۇقىرىقى سۆزىمىزگە دەلىلدۇر: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ناماز، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئاندىن كېيىنچۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— جىھاد، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئەگەر مېنىڭ ئاتا-ئانام بولسىچۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىشىڭغا بۇيرۇيمەن، — دېدى. ئۇ:

— سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ ئىككىسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ جىھاد قىلىمەن، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— مەيلى ئۆزۈڭ قارا، — دېدى.[1]

مانا بۇ ھەدىس — جىھاد پەرز ئەين بولغاندا يۇقىرىقى ئىككى ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىنى باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى ئانا! بىزنىڭ بۇ ئەسىرىمىزدە جىھاد پەرز ئەين بولۇپ كەتتى شۇڭلاشقا الله قا ئاسىي بولۇپ سىزگە ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلار زېمىنىدىن مەلۇم بىر رايوننى ئىگىلىۋالسا ياكى مەلۇم بىر مەھەللىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە، شۇ شەھەر ياكى رايوندىكى ئېغىر-يېنىك ھالەتتىكى قېرى-ياش بارلىق مۇسۇلمانلارغا تاقىتى يەتكەن مىقداردا جىھادقا چىقىشى پەرز بولىدۇ. ئاتا-ئانىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئىجازەت سوراش كەتمەيدۇ. (سان ۋە تەييارلىقى) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن چوقۇم چىقىشى ھەققىدە ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمايدۇ.

ئەگەر شۇ شەھەر (ياكى رايون) خەلقى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز كەلسە، تاكى ئۇلار دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرالىغۇدەك قۇۋۋەتكە ئىگە بولغۇچىلىك ئۇلارغا قوشنا بولغان شەھەر ئەھلىنىڭ ياردەمگە چىقىشى زۆرۈر بولغان مىقداردا ۋاجىب بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشتا ئاجىز كەلگەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتى بولغان ھەربىر كىشىگە ئۇلارنىڭ قېشىغا ياردەمگە بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ. تاكى دۈشمەنلەر بېسىۋالغان شەھەر (ياكى رايون) خەلقى دۈشمەننى چېكىندۇرۇپ، شەھەر (ياكى رايون)غا ئىگە بولۇپ، پەرز ئەينلىكى

[1] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

كىشىلەردىن ساقىت بولغانغا قەدەر بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ياردەم قىلىشتا خۇددى بىر يەڭدىن چىققان قولغا ئوخشايدۇ»[1].

ئى ئانا! ماڭا جاۋاب بېرىڭ. پەلەستىننى كاپىرلار ئىشغال قىلىۋالدى ئەمما يېقىندىكىلەر بولسۇن ياكى يىراقتىكىلەر بولسۇن ئۇ دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈشكە ھېچكىم قادىر بولالمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا جىھاد يەنە پەرز كۇپايە بولامدۇ؟! ئەندەلۇسنى ئەسىرلەردىن بېرى كاپىرلار ئىشغال قىلىۋالدى؛ شۇنىڭدەك، چېچېنىستان، كەشمىر، پەلەستىن، بىرما، ئەرتىرىيا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى كاپىرلار بېسىۋالدى. كاپىرلار ئۇ يەرلەردە دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى يوقىتىشتى، مۇسۇلمانلارنى خارلاشتى. مۇسۇلمانلارغا ئەلەملىك ئازاب قىلىشىپ قاتتىق بوزەك قىلىشتى. ئەمدى بىز بولساق كرېست كۆتۈرگەن كىشىلەرنىڭ يېڭىدىن ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. سىزدىن سورايمەن ئى ئانا! مانا شۇنداق ئەھۋالدا ھەم جىھاد يەنە پەرز كۇپايە بولامدۇ؟! سىزگە ئىتائەت قىلىپ جىھادقا چىقماسلىق بولسا جىھادقا چىقىشتىن ئەۋزەل بولامدۇ؟! بىز «پەرز كۇپايە» دەۋېرىپ شۇ «كۇپايىلىق»نىڭ خارلىقىنى يەتكۈچە تېتىدۇق.

ئىبنى قۇدامە ئۆزىنىڭ «الكافي» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «جىھاد پەرز ئەيىن بولۇشى بىلەنلا ئاتا-ئانىنىڭ ئىجازىتى كەتمەيدۇ. پەرز ھەج ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەرز ئەمەللەردە ئۇ ئىككىسىگە ئىتائەت

---

[1] «تفسير القرطبي» 8- توم 151- بەت.

قىلىنمىغانلىقى ئوخشاش، جىهادمۇ پەرز ئەينىگە ئاياللاندا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىجازىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ چۈنكى ئۇنى تەرك ئېتىش اللە قا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولۇپ، اللە قا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىنمايدۇ. بۇ خۇددى ئۆزىنىڭ شەھىرىدە ئۆزى ئويلىغان ئىلىمنى ئالالمىغان كىشىنىڭ باشقا شەھەرگە سەپەر قىلىشى ۋاجىب بولغانغا ئوخشايدۇ»[1].

ئى ھەمشىرەم! بىز بۇ ئورۇندا سىزگە ئۇزۇن سۆزلەپ ئولتۇرمىدۇق لېكىن بۇ يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىر تەرىپى خالاس. اللە خالىسا بىز سىزگە يەنە باشقا ئورۇنلاردا بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىيراق بايان قىلىمىز، اللە تىن شۇنىڭغا ياردەم بېرىشىنى ۋە مۇستەھكەم قىلىشىنى سورايمىز. لېكىن ئى ھەمشىرەم، بىز بۇ يەردە سىزگە قايتا تەكرارلاپ ۋە تەكىتلەپ شۇنى ئېيتىمىزكى، سىزنىڭ ئەرلەرنى جىهادتىن توسۇشىڭىز ھالال ئەمەس. ئەگەر ئۇلار جىهادقا چىقىپ كەتسە سىز ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغان ھالەتتە بولسا ئۇ مەيلى. ئەمما بىلىپ قويۇڭكى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ئۇلارنى جىهادقا چىقىشتىن توسۇشىڭىز بولسا اللە تائالانىڭ يولىدىن توسقانلىق بولۇپ، اللە سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ كاپىرلار ھەققىدە ئېيتقان: ﴿الَّذِينَ يَسْتَحِبُّونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الْآخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجًا أُولَئِكَ فِي ضَلَالٍ بَعِيدٍ﴾ «ئۇلار بۇ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ، (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ، اللە نىڭ يولىنىڭ ئەگرى

[1] «الكافي» 4- توم 255- بەت.

بولۇشىنى تىلەيدۇ، ئۇلار (ھەقتىن) يىراق بولغان گۇمراھلىقتىدۇر»[1] دېگەن ئايىتىدىن نېسىۋىدار بولۇپ قالىسىز. الله تىن قورقۇڭ! ئۇ سىزنى دائىم كۆزىتىپ تۇرىدۇ. الله نىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ ھېساب بېرىدىغان شۇ قىيىن كۈندىن قورقۇڭ. ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن الله تائالا سىزدىن: «مېنىڭ ھەق يولۇمدىن باشقىلارنى نېمىشقا توستۇڭ؟» دەپ سورىسا، سىز نېمە بىلەن ۋە نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز؟ ياكى سىز: «دۇنيا ماڭا سەندىن سۆيۈملۈك ئىدى» دەپ جاۋاب بەرمەكچىمۇ؟ ياكى: «ئوغلۇم ۋە ئېرىم مەن ئۈچۈن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىدىن سۆيۈملۈك ئىدى» دەپ جاۋاب بەرمەكچىمۇ؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭ!

بىلىڭكى، سىز بۈگۈن الله ئۈچۈن نېمىنى تەقدىم قىلسىڭىز، ئەتە الله ئالدىدا شۇنى ياكى ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى تاپىسىز. بىز ئېيتىۋاتقان بۇ «ئەتە» نەزەر سالغۇچىلار ئۈچۈن تولىمۇ يېقىندۇر.

ئى الله نىڭ ئايال بەندىسى! ئەگەر سىز ئەنە شۇنداق سالىھە ئايالّلارغا ئەگىشىشتىن باش تارتسىڭىز ۋە ئۆز رەببىڭىزگە ئۇنىڭ يولىدىن توسۇش ئارقىلىق ئاسىيلىق قىلسىڭىز، بىز الله قا سېغىنىپ تۇرۇپ ئۇممەتكە يامانلىق قىلماسلىقىڭىزنى شۇنداقلا سىزنىڭ جاھىلىيەت كىشىلىرىگە ئوخشىۋېلىشىڭىز ياكى پاسىقلىقىڭىز ۋە ياكى غەپلەتتە قېلىشىڭىز ئارقىلىق دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇممەتنىڭ ئەخلاقىنى ۋە ساپاسىنى بۇزۇشتىكى بىر قورالى بولۇپ قالماسلىقىڭىزنى سورايمىز.

ئى ھەمشىرەم! بىز سىزدىن پەقەت ياخشىلىقنىلا ئۈمىد

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 3 ـ ئايەت.

قىلىمىز. ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇلمىسىڭىز، ئەمدى بىز سىزنىڭ يامانلىقىڭىزدىن ئامان قىلىشقا تىرىشىمىز ھەمدە الله تائالادىن ئۇممەتنى فاجىرلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قىلىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇۋېتىشىنى سورايمىز. شۈبھىسىزكى، الله بىزنىڭ ئىگىمىزدۇر ۋە شۇنداق قىلىشقا قادىر زاتتۇر.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين، والصلاة والسلام على رسول الله وعلى آله وصحبه أجمعين.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خَيْرُ مَتَاعِ الدُّنْيَا الْمَرْأَةُ الصَّالِحَةُ» «دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى سالىھە ئايالدۇر».

(مۇسلىم رىۋايىتى)